# جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەت گېربىنىڭ ئاستى تەرىپىدە «2020 - 1950» دېگەن ئاق رەڭلىك خەت بار ئىدى، ئون قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە بۆلۈپ تىزىلغانىدى. زالنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى كۆرۈش سۇپىسىغا ئېسىلغان لوزۇنكىغا: «يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەڭگۈ كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى!» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، يىغىن باشلاندى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئېيتتى. دۆلەت شېئىرى ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆرە تۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 70 يىل ئىلگىرى، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرىدىن تەشكىللەنگەن جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى زىممىسىگە ئېلىپ، تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەردانە، غەيرەت - شىجائەت بىلەن يالۇجياڭ دەرياسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، چاۋشيەن خەلقى ۋە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى يىل توققۇز ئاي مىسلىسىز مۇشەققەتلىك قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلدى، ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات، ئالغا بېسىش تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 70 يىلدىن بۇيان، بىز پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ خەلقئارا ھەققانىيلىقنى قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۆچمەس تۆھپىسىنى باشتىن - ئاخىر ئۇنتۇپ قالمىدۇق، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان شىجائەت بىلەن قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىسىنى پۈتكەن جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ قوماندان - جەڭچىلىرى ھەممە بۇ مەيدان ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بارلىق كىشىلەرنى باشتىن - ئاخىر ئۇنتۇپ قالمىدۇق، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى باشتىن - ئاخىر ئۇنتۇپ قالمىدۇق، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ شانلىق نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ بارلىق ھايات تۇرۇۋاتقان پېشقەدەم جەڭچىلىرى، پېشقەدەم يولداشلار، ياردار - مېيىپ شەرەپلىك ھەربىيلەرگە، ئەينى يىللىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق، بولۇپمۇ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە قاتناشقان خادىملارغا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىگە ئەڭ سەمىمىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا، چاۋشيەن پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى، خەلقى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى، ياردەم بەردى، جۇڭگو - چاۋشيەن ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە ئارمىيەسى مەنپەئەتداش، تەقدىرداش بولۇپ، ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ، ئىسسىق قېنى بىلەن ئۇلۇغ جەڭگىۋار دوستلۇق ئورناتتى. دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيىدىغان بارلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر، دوستانە تەشكىلاتلار ۋە دوستانە زاتلار جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ چاۋشيەنگە كىرىپ ئۇرۇش قىلىشىغا كۈچلۈك ياردەم بەردى ۋە ئۇنى قوللىدى. شى جىنپىڭ جۇڭگو پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى، ئارمىيەسىگە ۋاكالىتەن ئۇلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭخۇا مىللىتى تىنچلىقنى سۆيىدىغان مىللەت، جۇڭگو خەلقى تىنچلىقنى سۆيىدىغان خەلق. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تاجاۋۇزىنىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتتى، ئۇرۇش ئوتى ۋەيرانچىلىقىنىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈردى، ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىز، تىنچلىقنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلاشقا، ھەممە كەسىپ - ساھەنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە توغرا كەلدى، جۇڭگو خەلقى تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى چەكسىز ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ ئارزۇسى قوپاللىق بىلەن خىرىس قىلىشقا ئۇچرىدى، جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار ئۇرۇشنى جۇڭگو خەلقىگە مەجبۇرىي تاڭدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ كۈچىدە ئىنتايىن چوڭ پەرق بولغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان زامانىۋى ئۇرۇش. مانا مۇشۇنداق ئىنتايىن تەڭپۇڭ بولمىغان، ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى چاۋشيەن ئارمىيەسى، خەلقى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، مىسلىسىز جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان رەقىبنى مەغلۇپ قىلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرگەنلىك خىتابنامىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ مۇھىم ئابىدىسى بولۇپ، جۇڭگو ۋە دۇنياغا نىسبەتەن مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى تاجاۋۇزچىلارنىڭ دۆلەت دەرۋازىسى ئالدىغا ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق يېڭى جۇڭگونى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى، يېڭى جۇڭگو ھەققىي تۈردە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالىدى؛ جۇڭگو خەلقى يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى باشقىلارنىڭ خالىغانچە تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچرايدىغان، باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان 100 يىللىق ئار - نومۇسنى ئۈزۈل - كېسىل يۇيۇپ، «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» دېگەن قالپاقنى ئۈزۈل - كېسىل چۆرۈپ تاشلىدى، جۇڭگو خەلقى ھەقىقىي تۈردە روھلاندى؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى، يېڭى جۇڭگونىڭ ئاسىيا ۋە خەلقئارا ئىشلاردىكى مۇھىم ئورنىغا ئاساس سالدى، يېڭى جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى نامايان قىلدى؛ خەلق ئارمىيەسى ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگىنىپ، يەككە ئارمىيە تۈردىن كۆپ خىل ئارمىيە تۈرى بىرىككەن ئارمىيەگە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى؛ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى ئاسىيا ھەتتا دۇنيانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەندىزىسى چوڭقۇر يارىتىلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلق ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي ئىشلىرى ئىنتايىن زور ئىلھامغا ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش ئىشلىرىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بۇ ئۇرۇش، تاغ - دەريالارنى ئامان ساقلاپ، ئائىلە دۆلەتكە ئەمىنلىك ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان پولاتتەك ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان قەيسەر خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، پۈتۈن دۇنيانى جۇڭگوغا يېڭىچە نەزەردە قارايدىغان قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ھەيۋىسى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، ھەققانىيەتنىڭ جەزمەن زوراۋانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، تىنچلىق، تەرەققىياتنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخ ئېقىمى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا، قەھرىمان جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى ياراتتى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھى زامان - ماكاندىن ھالقىپ، ۋاقىت ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنى جەزمەن مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. مەيلى دەۋر قانداق تەرەققىي قىلسۇن، بىز ھەممىمىز زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان، زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدىغان مىللەتنىڭ خىسلىتىنى تاۋلىشىمىز كېرەك. مەيلى دەۋر قانداق تەرەققىي قىلسۇن، بىز ھەممىمىز ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىدىغان مىللەتنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملىشىمىز كېرەك. مەيلى دەۋر قانداق تەرەققىي قىلسۇن، بىز ھەممىمىز پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان، ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆلۈمدىن باش تارتمايدىغان مىللەتنىڭ قەيسەرلىكىنى تاۋلىشىمىز كېرەك. مەيلى دەۋر قانداق تەرەققىي قىلسۇن، بىز توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىدىغان، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مىللەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۇرغۇتۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغان 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگودا مىسلىسىز غايەت زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. بۈگۈن، بىز «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئىستىقبالىمىز پارلاق. ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ تاۋلىشىمىز شەرت؛ جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە خەلقنى كۆزلەپ، ھەممىدە خەلققە تايىنىشىمىز شەرت؛ جەزمەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشىمىز شەرت؛ جەزمەن دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشىمىز شەرت؛ جەزمەن دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز شەرت.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۇنيا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دۇنياسى، دۇنيا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ، تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش جاھاندىكى توغرا يول. بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەرقانداق يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق، چېكىدىن ئاشقان شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ھەممىسى تۈپتىن ئاقمايدۇ. ھەرقانداق قاتتىق - سوقتى قىلىش، قامال قىلىش، چېكىدىن ئاشقان بېسىم ئىشلىتىش شەكلىنىڭ ھەممىسى تۈپتىن ئاقمايدۇ. ھەرقانداق ئۆز بېشىمچىلىق، ئۆزىنى قالتىس چاغلاش قىلمىشى، ھەرقانداق مۇشتۇمزورلۇق، مۇتتەھەملىك، زومىگەرلىك قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى تۈپتىن ئاقمايدۇ. تۈپتىن ئاقمايلا قالماستىن، ئاخىرىدا مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئىزچىل مۇداپىئە خاراكتېرلىك دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى، جۇڭگو ئارمىيەسى باشتىن - ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان قۇدرەتلىك كۈچ. جۇڭگو مەڭگۈ زومىگەرلىك قىلمايدۇ، كېڭەيمىچىلىك قىلمايدۇ، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىيغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بىز دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايمىز، ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا ۋە ئۇنى پارچىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز. مۇبادا مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال يۈز بەرسە، جۇڭگو خەلقى جەزمەن قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ۋە غايەت زور تۆھپىسى ئومۇميۈزلۈك ئەسلەپ ئۆتۈلدى، خۇلاسىلەندى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش روھىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە دەۋر قىممىتى چوڭقۇر شەرھلەندى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ تارىخىي ئىلھامى مۇپەسسەل كۆرسىتىپ بېرىلدى، دۆلەت زېمىنىنى، ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، رايون ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى، مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى قەتئىي مەيدانى ۋە ئىرادىسى تەنتەنىلىك جاكارلاندى، ئۇلۇغ غەلىبىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەكلىكى تەكىتلەندى. كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشى كېرەك.

ئاخىرىدا، پۈتۈن مەيداندىكىلەر بىرلىكتە «ۋەتەننى كۈيلەيمىز» دېگەن ناخشىنى ئۈنلۈك ئېيتتى، يىغىن جۇشقۇن ناخشا ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

يىغىندىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى» خاتىرە ئىزنىكىگە ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

پىدائىي قىسمىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرى، پېشقەدەم يولداشلار، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرى قاتارلىقلارنىڭ ۋەكىللىرى، مەركەز، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرى، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

گۈيساڭدىكى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىن ئىبارەت تۆت جايدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، لياۋنىڭ شېنياڭدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نامىدا تەقدىم قىلىنغان گۈل سېۋىتى ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىنىڭ دەل ئۇدۇلىغا قويۇلدى. گۈل سېۋىتىنىڭ قىزىل لېنتىسىغا «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات!» دەپ يېزىلغانىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا، مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، شېنياڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە قاتناشقان پىدائىي قىسىمدىكى پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار ۋەكىللىرى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار، ھەر ساھەدىكى ئاممىۋى ۋەكىللىرى قاتارلىقلار ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىغا يۈزلىنىپ سۈكۈتتە تۇردى، بۇنىڭغا جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان چوڭقۇر ئەسلەش ۋە ئۇلارغا بولغان ئالىي ئېھتىرام مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئارقىدىن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىغا ئېھتىرام بىلدۈردى ھەم بەش چوڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسىگە گۈل تەقدىم قىلدى.

شۇ كۈنى سائەت 9دا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نامىدا دەندۇڭدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش خاتىرە مۇنارىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ گوچىڭ ھەمدە مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ھەم دەندۇڭدا تۇرۇشلۇق قىسىم قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار يولداشلار قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نامىدا چاۋشيەن پيوڭياڭدىكى جۇڭگو - چاۋشيەن دوستلۇق خاتىرە مۇنارى، گۈيساڭدىكى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئىلگىرى - كېيىن ئۆتكۈزۈلدى، دۆلىتىمىزنىڭ چاۋشيەندە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لى جىنجۈن بارلىق ئەلچىخانا خادىملىرى ھەم چاۋشيەندىكى جۇڭگو تەرەپنىڭ باشقا خادىملىرى ۋەكىللىرىنى باشلاپ قاتناشتى.

يېقىندا، چاۋشيەن كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن گۈيساڭدىكى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى. شۇ كۈنى، چاۋشيەن تەرەپ جىن جېڭئېننىڭ نامىدا پيوڭياڭدىكى جۇڭگو - چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى ھەم 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا لياۋنىڭ شېنياڭدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، دەندۇڭدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش خاتىرە مۇنارىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى. چاۋشيەندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار ئاپپاراتلىرىمۇ پيوڭياڭ، گۈيساڭ ئىككى جايدىكى خاتىرە ئەسلىھەلىرىگە گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى.